ئابدۇراخمان قاھار



# كەچۈر مېنى نازاكەت

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئابدۇراخمان قاھار

# كەچۈرمەي نازاكەت

( پوۋېستلار )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：阿布力克木·艾山
责任校对：阿布里孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

# 原谅我吧（维吾尔文）

（中篇小说集）

阿不都热合满·卡哈尔　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　9.625 印张
1992年11月第1版　2007年3月第2次印刷
印数：4851—7910

ISBN978－7－5371－1030－3　定价：14.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# مۇندەرىجە


كەچۈر مېنى، نازاكەت .................. 1

ئاشۇ يىللار ............................ 113

ئادەملەر، ماگا رەھىم قىلماڭلار ............. 210

# كەچۈر مېنى، نازاكەت!

## 1

تاغ جىرالىرى كۈز مەنزىرىسىگە خاس تۈس ئالغانىدى. ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ پىشقان، قېتىشقان. قاپتاللاردىكى قارىغايلار ھېلىھەم ياپيېشىل ۋە مەغرۇر. تاغ سۇلىرى تېخىمۇ سۈزۈلۈپ تىنىشقان، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھەرخىل، ھەررەڭدىكى تاشلار قۇم بىلەن سۇ يالاۋېرىپ سىلىقلىنىپ كەتكەن. چۆپلەر ياقۇتتەك چاقناپ تۇرىدۇ. تاغ قۇشلىرىنىڭ چاڭىلدىغان ئاۋازلىرى پەسەيگەن، توپ-توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرگەن ئات، كالا، قوي، ئۆچكىلەر سېمىزلىكتىن ياۋاشلاپ كەتكەن، قىيغىنتىشلار، سايغاقداشلار، تاشتىن - تاشقا سەكرەشلەر ھازىر يوق.

جىرا بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان ئۇۋچى يىگىت بۈگۈنكى سەپىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئەتراپقا تىڭشىلىپ كەلمەكتە. ئۇ ئادەم ئىزى كەم بېسىلىدىغان، پەقەت ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلارلا



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

يۇرتىدىغان يەرلەردىن ئۇۋ قىلىپ قايتقانىدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قومۇش قۇلاقلىق كۆك ئات ئىگىسىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنگەندەك، ئاياغلىرىنى بىرخىل يۆتكەپ پەسلەپ كېلەتتى. غانجۇغىدا بۇ ئەتراپتا كەم ئۇچرايدىغان ئىككى دانە كۆك بۆرىنىڭ تېرىسى، بوغۇزلانغان بىرنەچچە ئۇلا، ئىككى قىرغاۋۇل پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

ئوۋچى يىگىت جىرانىڭ ئىككى يېقىنى بوگۇنلا كۆرۈۋاتقاندەك ئەتراپقا قىزىقىپ قارايتتى، ۋۇجۇدى تاغ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلىناتتى. ئۇ بوگۇن كېچىچە يول بېسىپ تاڭ بىلەن تەڭ ئۆيىگە يەتمەكچىدى.

قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ، جىرا ئىچى كۆكۈچ- قارامتۇل رەڭگە كىرىشكە، يېشىل قارىغايلار قارىيىشقا، شارقىراتمىلارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئىززغىرىن شامال باشلاندى. ئوۋچى يىگىت ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىدى.

بۆرە مېڭىشىغا چۈشكەن كۆك ئات بىر جىرادىن ئايلىنىپ، كەڭرى سايغا چۈشۈشى بىلەن بىردىنلا خارتىلداپ، قومۇش قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ تۇرۇپ قالدى، ئوۋچى يىگىتمۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك، بىر قىز پەيدا بولغانىدى، گويا چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك بۇھال يىگىتنىڭ پىكرىنى چاچتى: «بۇ كىم؟ ئادەممۇ يا ئادەم سۈرەتلىك جىنمۇ؟»

قىز ئاتلىق يىگىتنى كۆرۈپ دەھشەتلىك چىرقىراپ، ئۇگدىسىغا يىقىلدى:

— ئاھ! ... شورپېشانەم، ئەمدى مەن ئۆلدۈم! ...

يىگىت ئېتىدىن چۈشمەي بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە

بىردەم قاراپ تۇردى. ئوڭدىسىغا يىقىلغان قىز قىمىرلىماي سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ئاتمۇ بوجىيىپ تۇراتتى، پۈتۈن ئەتراپ قېتىپ قالغاندەك جىمىپ كەتكەنىدى.

قاراپ تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟ يىگىت ئېتىدىن چۈشۈپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. قىز تويغا ياسانغاندەك، ئۇچىسىغا ناۋات رەڭ دۇردۇن كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېنىق بېغىررەڭ مەخمەل كەمزۇل كىيىپ، بېشىغا ئاق بورتمە شال تاڭغان، پۇتىغا يېڭى قارا خۇرۇم چىبىلىك كىيگەنىدى. بولاقتەك كۆزىنى ياپقان ئۇزۇن، تال-تال كىرپىكلىرى، مارجاندەك چىشلىرىغا ھەمىلە شەكەن سۈپسۈزۈك لەۋلىرى، ئانار دەك قىزىل مەڭزىدىكى بىر تال خالى قىزنى تولىمۇ گۈزەل كۆرسەتتى.

يىگىت بىر پەس داڭقېتىپ تۇردى - دە، ئاندىن قىزنىڭ بېشىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ تىزىغا ئالدى، لېكىن قىز كۆزىنى ئاچمايتتى. پەقەت پېشانىسىگە چۈشكەن بىرنەچچە تال چېچىلا سوغۇق شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. كۆكسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى. يىگىت مۇزدەك تاغ سۈيىنى ئوچۇملاپ ئەكېلىپ قىزنىڭ يۈزىگە سەپتى، شۇ چاغدىلا قىز ئەندىكىپ كۆزىنى ئاچتى:

— مەخسۇتباي!... ياق، ياق ...، — ئۇ جۆيلۈگەندەك چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىرنەرسىدىن سەسكەنگەندەك قورۇلاتتى، كۆزلىرىدىن ئۈمىدى كېسىلگەن ئادەمنىڭكىدەك خۇنۇك نۇر پىلدىرلايتتى، چېكە تومۇرلىرىنىڭ لىپىلداۋاتقانلىقى ئوچۇق بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇۋالدى.

— مەن مەخسۇتباي ئەمەس، قۇددۇس، مەخسۇتباي دېگەن كىم؟

قىز كۆزىنى ئاستا ئاچتى، قۇددۇس قاندىقتۇر بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك قىزغا ئىچ كۆيەرلىك بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ پىشانىسىدىكى چاچلارنى كەينىگە قايرىپ قويماقچى بولۇپ قولىنى ئاستا سوزدى، بىراق ئەيمەندىمۇ، قولىنى يەنە تارتىۋالدى.

— سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ — ئاستا سورىدى قىز.

— مۇشۇ تاغلار مېنىڭ ماكانىم.

قىز بىردىنلا جانلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى. قۇددۇسنىڭ چىرايىدا كۆلۈمسىرەش پەيدا بولدى. قىز ئۇياق - بۇياققا ۋە بېشىدا ئولتۇرغان يىگىتكە تىكىلىپ قارىدى-دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، ئۇ گاراڭ ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى.

— مەن قاياقتىن كەلدىم؟ — دېدى قىز بېشى تۈرۈگەن ئادەمدەك.

قۇددۇس شىمال تەرەپتىكى جىلغىنى كۆرسەتتى.

قىز شۇ چاغدىلا ئۆزىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھېلىلا مۇشۇ يىگىتنى ئاتلىق كۆرگەنلىكىنى ۋە كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— يىغلىماڭ، — دېدى قۇددۇس كۆيۈمچانلىق بىلەن، — نەگە بارىسىز؟ نەگە دېسىڭىزمۇ يەتكۈزۈپ قويالايمەن.

قىز تېخىمۇ ئۆپكۈدەپ كەتتى - دە، بېشىنى كۆتۈردى.

— نەگە بېرىشمنى بىلمەيمەن، لېكىن بىر يەرگە يوشۇرۇنۇشۇم كېرەك، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مېنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇڭ، ماڭا رەھىم قىلىڭ، بولۇڭ...

قىز تىترىگىنىچە ئارقىسىغا قاراپ قويدى.

— بۇ يەرلەر سىزنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، ئۇنداقتا يىراق يەرلەرگە كېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

— مەيلى، قانچە يىراق بولسا، شۇنچە ياخشى.

قۇددۇس كۆك ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى، بۆرە تېرىسىنى ئېگەرنىڭ كەينىگە سېلىپ، قىزنى يۆلەپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزدى-دە، ئاندىن ئۆزى مىنىپ، كەينىگە — تاغ ئېچكىرىسىگە قاراپ ئۆرلەپ ماڭدى.

قىز مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ تولمۇ چارچاپ ماغدۇر-سىزلانغانلىقىنى، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئويغا پاتتى: ئاھ، زارلىرىم خۇداغا يېتىپ ماڭا ئىچى ئاغرىغان ئوخشايدۇ-دە، بۇ مېھرىبان يىگىتنى ماڭا ئاسماندىكى پەرىشتىلەر تاشلاپ بەرگەنمىدۇ؟ يا خىزىرغا يولۇقتى دېگەن مۇشۇمۇ؟ دۇنيادا ياخشى ئادەملەر بار ئىكەنغۇ، يالغۇزلۇقۇم، ئاجىزلىقىمدا ماڭمۇ باشپاناھ بولىدىغانلار چىقىدىكەنغۇ... تەقدىرگە تەن بەر دېگەنلەرنىڭ گېپىگە كۆنمەي توغرا قىلغانىكەنمەن، بولمىسا ياشلىقىم ئۇچاقنىڭ كۆلىدەك توزۇپ كەتمەسمىدى...

بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. تاغ قاپتاللىرى قارا پەرىدىدەك كۆرۈنەتتى، چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ بېشىدىلا ئېسىلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ گويا قول سوزسىلا يەتكۈدەك يەردە تۇرغان يۇلتۇزلارغا قىزىقىپ

قارىدى. يۇلتۇزلار كۆمۈش كىرپىكلىرىنى چىملدىتىپ قىزغا كۆز قىسىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى يۇلتۇزلار ئارىسىدا يۈرگەندەك ھېس قىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، ھەممىنى — كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى، ھالسىزلىق ئازابىنى، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى يول قىيىنلىشىپ باراتتى. كۆك ئاتنىڭ ساغرىسىدىن، بويۇنلىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلسىمۇ، ئۇ بىرخىل يۈرۈشنى ئۆزگەرتمەي ئۆرلەپ بارماقتا ئىدى.

قۇددۇس ئۈن - تىنسىز كېلەتتى. ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىپ بارىدىكىن؟ چۈشىدىمۇ كۆرۈنمەيدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىدىن ھەيران بولۇۋاتامدىكىن؟ ياكى كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن پادىچى تازغا پادىشاھنىڭ ئاي جامال قىزى كۆيۈپ قاپتۇ، دېگەن چۆچەكنى ئويلاۋاتامدىكىن؟ ... ئۇ، قىز دۈمبىسىگە بېشىنى قويغاندا يۈرىكىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە بەدىنىدە تۇيۇقسىزلا بىر ئىسسىق ھارارەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى، لېكىن كەينىگە قايرىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ تىلىغا گەپمۇ كەلمەيتتى.

يالغۇزئاياغ يول ئۆرلىگەنسېرى ھاۋامۇ سوۋۇپ باراتتى، ئىزغىرىن شامالمۇ ئەدىدى، يۇلتۇزلار تېخىمۇ روشەنلىشىپ پارقىرايتتى، قارىغايلار سۈس شاۋقۇن سېلىپ سۈرلۈك گۈركىرەيتتى.

قۇددۇس ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈردى.

— مۇزلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ كەينىگە قايرىلىپ.
— ھەئە.
— مەن سىزنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپتىمەن؟
— مەن ئۇخلىمىغىلى ئىككى كۈن بولدى.

قۇددۇس ئاتتىن چۈشتى-دە، غانجۇغىدىكى تاشلانمىغان چوڭ جۇۋىنى يېشۋالدى.

— قايسىسىنى كىيىسىز؟ ئۇچامدىكىنىمۇ، ماۋۇنىمۇ؟
— قايسىنى بەرسىڭىز شۇنى.
— ئۇچامدىكىنى كىيىڭ، ماۋۇنىڭ بىلەن قولشالمايسىز يول تېخى ئۇزۇن، بايا بىز ئۇچراشقان يەر بىلەن بارىدىغان يېرىمىزنىڭ ئارىلىقى يەتمىش-سەكسەن چاقىرىم كېلىدۇ.

قىز قۇددۇسنىڭ ئۇچىسىدىكى ئىسسىپ قالغان كالتە جۇۋىنى كىيىپ، بەدەنلىرىنىڭ بىردىنلا راھەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— بۇ يول خەتەرلىك، ئۇخلاپ قالسىڭىز بولمايدۇ. ئالدىغا مىنەمسىز-يە؟
— يولنى بىلمىسەم؟...
— ئات بىلىدۇ.
— مەيلى.

ئۇلار ئاتقا ئالمىشىپ مىنگىشىپ يەنە يولغا چۈشتى. ئات بېشىنى ئۇڭغا بۇراپ يەنە بىر قويۇق قارىغايلىق جىراغا كىرىپ كەتتى. يول تاشلىق، بەزى يەرلەردە ئات ئايغىنى يانتۇ تۇرغان يوغان يالپاق تاغلارغا باساتتى. ئەگەر ئات سەللا مۇدۇرۇپ كەتسە، ئىككىسى ئۇچۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. قىزدىن ئۇيقۇ قاچقان، ئاتنىڭ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

تەكشىسىز يۈرۈشىدىن قورقۇش، ئەنسىرەش تۇيغۇلىرى ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى.

تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق باشلاندى. دەل شۇ چاغدا ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. قۇددۇس ئاتتىن چۈشۈپ بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۆڭكۈر ئىچى قارا سىياھدەك قاراڭغۇ، ئۇ دەم تارتىدىغان ئەجدىھا ياتقاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— قورقماڭ، مەن دائىم ياتىدىغان جاي مۇشۇ، — دېدى ئۇ ئاتنىڭ غانجۇغىسىدىكى نەرسىلەرنى يېشىۋېتىپ، ئاندىن سەرەڭگىسىنى چېقىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىنى كۆرسەتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى كىچىك، ئىچى ئۈچ - تۆت ئادەم بىمالال سىغقۇدەك ئىدى. ئۇنىڭ ئاستىغا قۇرۇغان ئوت - چۆپلەر قېلىن قىلىپ سېلىپ قويۇلغانىدى.

قۇددۇس بۆرە تېرىسىنى چۆپنىڭ ئۈستىگە يېيىپ سېلىپ، قىزغا ياتىدىغان ئورۇن ھازىرلىدى.

— قېنى، يېتىڭ، ئىككى كۈندىن بېرى ئۇيقۇسىز ئىكەنسىز.

ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزنىڭ يېنى يەر تارتىپ تۇراتتى. ئۇ تەمتىرەپ كېلىپ تېرە ئۈستىدە ياتتى. قۇددۇس قىزنىڭ ئۈستىگە چوڭ جۇۋىنى يېپىپ قويۇپ تالاغا چىقتى. كۆك ئاتنى قارىغايغا قاڭتۇرۇپ باغلىدى، ئاندىن بوگۈن ئوۋلىغان ئۇلا، قىرغاۋۇللارنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ، تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئولتۇردى.

تۇرمۇش كىشى ھەيران قالىدىغان ھادىسىلەرگە باي: كىشىگە بەزىدە ھەشىمەتلىك بېزەلگەن ئۆيلەرمۇ

دەھشەتلىك، يىرگىنچلىك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ۋەيرانە كەپە، قاراڭغۇ ئۆڭكۈر شۇنچە يىللىق، ئەندىشىسىز تۇيۇلىدۇ. قىز بۇ ئۆڭكۈردە قاڭسىق ھىد گۇپۇلدەپ تۇرغان جۇۋىنى پۈراپ خاتىرجەم ياتىدۇ، ئۇنىڭدا قورقۇش، ئەيمىنىشتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىۋاتىدۇ.

— كېلىك، يېتىڭ، سىزمۇ ھېرىپ كەتتىڭىز، — دېدى قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ياق، تاڭ ئېتىپ قالدى.

قىز ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

## 2

ئۇ ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئويغاندى. كۆزىنى ئېچىپلا ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىدىن، قانداقتۇر بىر تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ياتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ئولتۇردى، تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشتى. خۇددى چۈشتەك يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خىرە-شىرە ئۆتتى-دە، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ راھەتلىنىپ ئۇخلىغان ۋە ئۇيقۇسى قانغانىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ دىمىقىغا قانداقتۇر بەرنەرسىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كىردى، ئۇ ئۆڭكۈردىن سىرتقا چىقتى. پاھ... نېمە دېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن كەڭرى دۇنيا!... ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدىن دولقۇنلۇق بىر ئۆستەڭ تاغ سۈيى شاش ئاتتەك قىيغىتىپ ئاقاتتى، سۇنىڭ ئىككى يېقى قويۇق قارىغايلىق، تېرەكلىك ئىدى،

تاغ قاپتاللىرى توق يېشىل، يىراقلىغانسېرى قارامتۇل كۆرۈنەتتى. يىراق - يىراقلاردا بولسا، سۇس قىزىل رەڭلىك يوتىلار چىمىرلاپ، تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاسمان كۆپكۆك، ئۇ يەر - بۇ يەردە پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار خۇددى دېڭىزلاردىكى يەلكەنلىك كېمىلەردەك ئۈزۈپ يۈرەتتى.

ئۇ تەبىئەتنىڭ بۇ سېھىرلىك مەنزىرىلىرىگە تويماي قارايتتى. كەڭرى دۇنيا، ئاجايىپ خىسلەتلىك مەنزىرە، ساپ ھاۋا قىزنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ، تۈنۈگۈنكىچە تارتىپ كېلىۋاتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى.

قۇددۇس قۇچاق يەتمەيدىغان بىر تۈپ قارىغاي ئاستىدا كاۋاپ پىشۇرۇۋاتاتتى. قىز ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ غوللۇق، بەستىدىن پالۋانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، قوشۇماقاش، كەڭ پېشانىلىك يىگىت ئىدى، مەڭزى ئوت تەپتىدىن قىزارغان، بۇرۇن ئۇچلىرىدىن تەر تامچىلاپ تۇراتتى. ئۇ يۈگزىلىنىپ ئىچ - قارنى تازىلانغان ئۈلانى ئىككى تال كۆك تالغا كېرىپ ئۆتكۈزۈپ، تاشلاردىن ياسالغان كاۋاپدانغا قاقلاۋاتاتتى. قۇرۇغان قارىغاي شاخلىرى چاراسلاپ ياناتتى.

قىز قۇددۇسنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قانداق، ئۇيقۇغا قېنىپسىزمۇ؟

— قۇشتەك يېنىكلەپ قاپتىمەن.

— سىزگە كاۋاپ پىشۇرۇۋاتىمەن.

— چۈشۈمگىمۇ كاۋاپ كىرىپتىكەن.

— «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەندەك قورسىقىڭىز ئاچ قالغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە

كاۋاپ چۇشەيسز - دە.
— تاپتڭز، بۇ قانداق قۇش؟
— ئۇلا.
— ئۇلا؟
— هە، كۆرگەنمۇ؟
— كۆرمگەن، ئەمما گۆشنى شپالىق دەپ ئاڭلغان.
— تاغدا شپالىق نەرسلەر كۆپ.
— شۇنىڭ ئۇچۇن تاغقا قاچتىم - دە، — قىز ھەيياردلىق بلەن كۇلدى.
— سز ... قانداق بولۇپ ...
— ئاۋۋال قورسقمنى تويدۇرۇڭ، ئاندىن ھەممنى سۆزلەپ بېرىمەن.
قۇددۇس ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا بۆرە تېرىلرىنى سېلىپ، بىر پارچە تاختاي ئۇستىگە پىشقان ئۇلانى قويدى ۋە بەكسى بلەن ئۇنى پارچىلدى. كاۋاپتىن ئىشتىھانى غىدىقلايدىغان مەززىلىك پۇراق كېلەتتى. ھەر ئىككسنىڭ ئاغزىغا سىرىقسۇ كەلدى - دە، كاۋاپنى ئىشتىھا بلەن يېيىشكە باشلىدى.
— ئۇلانىڭ گۆشى راستىنلا تاتلىق بولىدىكەن، — دېدى قىز قۇددۇسقا قارىمايلا، — كاۋاپ پىشۇرۇشقا قالتىس ئۇستا ئىكەنسز.
— ئۇلالا بولسا، پىشۇرماق ئاسان، بىراق ئىسسق چېيىمىز يوق، سوغۇق سۇ ئىچىمىز - دە.
— ئەمدى ئىسسق چايمۇ بولىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.
— سز مېھمان تۇرسڭز ...

— مېھمانلىقىم توگىدى، ئەمدى مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ھازىردىن باشلاپ بۇ يەرنىڭ خوجايىنى.

قۇددۇس يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى، لېكىن قىز ھېچنېمە دېمىگەندەك ھەدەپ تاتلىق پىشقان كاۋاپنى تامشىپ تۇرۇپ يېۋاتاتتى.

ئىككىسى قورساقلىرىنى تويدۇرۇشۇپ، سۇ بويىغا چۈشۈشتى. قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى. قىز ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، پايانسىز كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشتەك ھېس قىلاتتى، ئۆزى تويمىغان ھالدا، ئۇزۇن چاچلىرىنى چۇۋۇپ يەنە ئۆرۈيتتى.

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قۇددۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. نېمىشقىدۇر، ھېلىلا چاخچاقلىداپ سۆزلەپ تۇرغان قىزنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، لەۋلىرى قورۇلغان، كۆزلىرى مەيۈس ھالغا كىرىپ قالغانىدى، دەممۇ دەم ئېغىر تىناتتى ... كۆڭۈلسىز، ئازابلىق، دەردلىك تۇرمۇشنى سۆزلەش ھەرقانداق ئادەمگە ئېغىر، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ھەسرەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى، بۇ يەرگە قېچىپ چىقىشقا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى يىگىتكە سۆزلەپ بېرىدۇ، كۆڭۈل يارىلىرىنى ئاچىدۇ. سۆزلەش ئېغىر، ئىنتايىن ئېغىر، لېكىن سۆزلىمەي، ئىچ - قارنىنى بوشاتماي بولمايدۇ. ئىچىگىدە تۇماندەك قاپلىشىپ تۇرغان ھەسرەتلىرىگنى سۆزلىسەڭ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولىسەن!

— قۇددۇس، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلگۈڭىز كېلىۋاتقاندۇ؟ — دېدى قىز ئۇنىڭغا مەيۈس ھالدا قاراپ، — مېنىڭ ئېتىم

نازاكەت، ئەمردىن دېگەن ئادەمنىڭ قىزىمەن. بىراق دادامنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيمەن. كىچىكىمدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئاتا قەدرى ماڭا سەككىز-توققۇز يېشىمدا بىلىندى. دوستلىرىم دادىلىرىغا ئەركىلەپ ئېسىلسا، مېنىڭمۇ دادام بولسىچۇ، مەنمۇ ئەركىلىسەم، بويۇنلىرىغا ئېسىلسام، كوچىلاردا قولىنى تۇتۇپ ماڭسام دەيتتىم. كىملەرنىدۇ «دادا» دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالاتتىم. بىر ئىش ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ: ھېيت كۈنى ئىدى. دوستۇم بىلەن ھېيتلاپ يۈرەتتىم، كوچىدا دوستۇمنىڭ دادىسى ئۇچراپ قالدى. ئۇ «دادا» دەپ يۈرگۈگىنىچە دادىسىغا بېرىپ ئېسىلدى. دادىسى قىزىنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن بولسام بوينۇمنى قىسىپ قاراپ قالدىم. ئۆپكەم ئۆرلۈپ، ھېيتلاشنىمۇ تاشلاپ ئۆيگە كەلدىم-دە، ئۆزۈمنى ئاپامنىڭ قۇچىقىغا ئاتتىم ... ئاپام مېنى بەزلەپ: «كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، قىزىم، مەن سېنىڭ ھەم داداڭ، ھەم ئاپاڭ» دېدى. لېكىن ئاپامنىڭ كۆزىدىن مېنىڭكىدىنمۇ جىقراق ياش تۆكۈلدى ... نېمىشقا بىزدەك يېتىم-يېسىر، كەمبەغەل باللارنىڭ چىرايى غېرىب-مىسكىن؟ نېمىشقا بەزىلەرنىڭ باللىرى شوخ - ئەركىن، ھېچقاچان بوينى قىسىلمايدۇ؟ مەن بۇ سوئاللارغا ئەمدى جاۋاب تاپتىم: تۇرمۇشتىن — كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكتىن قىسىلمايدىغان ئائىلىلەرنىڭ باللىرى ئەنە شۇنداق شوخ- تېتىك چوڭ بولىدىكەن.

نېمە ئىلاج، ئاپام ئىككىمىز ئېغىر كۈنلەرگە قالدۇق، ئۇ مېنى ئەگەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ نېنىنى يېقىپ،



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com